السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كۆن چىقىش بىلەن كۆن پېتىشنىڭ ئارىسى قىبلىدۇر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«كۆن چىقىش بىلەن كۆن پېتىشنىڭ ئارىسى قىبلىدۇر»
سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان -]
[تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام مالىك"مۇئەتتا"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

ھەدىسنىڭ مەنىسى: كۆن چىقىش بىلەن كۆن پېتىشنىڭ ئارىسى قىبلىدۇر دېگەن سۆز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ناماز ئوقۇغۇچىلارغا قىلىنغان بايان بولۇپ، بۇ مەدىنە ئەھلى ۋە قىبلىسى ئۇلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان كىشىلەرگە قىلىنغان خىتاب، چۈنكى ئۇلار كەبىنىڭ شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ، قىبلە مەدىنە ئەھلىگە ئۇلارنىڭ باراۋېرىدىكى شام ئەھلى ۋە شىمال تەرەپتىكى كىشىلەر بولسا كۆن چىقىش بىلەن كۆن پېتىشنىڭ ئارىسىدىكى تەرەپكە يۆزلىنىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ يۈزلىنىشى كەبىگە نىسبەتەن جەنۇپ تەرەپ بولىدۇ، يەمەن ۋە ئۇلارغا ياندىشقان جەنۇپ تەرەپتىكى كىشىلەر كۆن چىقىش بىلەن كۆن پېتىش ئارىسىدىن شىمالغا يۈزلىنىدۇ، ئەمما كۆن پېتىش بىلەن كۆن چىقىش تەرەپتىكى كىشىلەر، ئۇلارنىڭ قىبلىسى ئۇلارغا نىسبەتەن جەنۇپ بىلەن شىمالنىڭ ئارىسى بولىدۇ، چۈنكى ئەسلى تەرەپ شىمال، جەنۇپ، شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت تۆت تەرەپتۇر، ناماز ئوقۇغۇچى كەبىنىڭ شەرق ياكى غەرب تەرىپىدە بولسا ئۇ كىشىنىڭ قىبلىسى شىمال بىلەن جەنۇپ ئارىسىدا بولىدۇ، ئەگەر ناماز ئوقۇغۇچى كەبىنىڭ شىمال ياكى جەنۇپ تەرىپىدە بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قىبلىسى كۆن چىقىش بىلەن كۆن پېتىشنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ، بۇمۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشىدىندۇر. ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇلاردىن كەبىنىڭ ئۆزىگە يۈزلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ھېچ كىشىنىڭ نامىزى توغرا بولمىغان بولاتتى، كەبىنى كۆرمەي يىراقتا بولغان كىشى كەبىگە تولۇق كەيىنى قىلماي ياكى يېنىچە تۇرماي پەقەت ئازراق قىيپاش كەتسە بۇ ئۇنىڭ نامىزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئەگەر كەبىگە كەينى بولۇپ قالسا ياكى كەبە بىر يېنىغا توغرا كەلسە بۇ ۋاقىتتا ئۇ كىشىنىڭ ئوقۇغان نامىزى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى قىبلىگە يۈزلەنمىگەن بولىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10642

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee